
قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئەلى بابا



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى ، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# ئەلى بابا

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (6)


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى دېڭىز - ئوكيان رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1194mm×889 ، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى

ISBN 978-7-80547-816-6

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭنىاغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئەلى بابا



ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: جۇ ۋېي
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

Scanned by CamScanner

1. بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەن ئىكەن. ئاكىسىنىڭ ئىسمى قاسىم بولۇپ، ناھايىتى باي ئىكەن. ئۇكىسىنىڭ ئىسمى ئەلى بابا بولۇپ، ئىنتايىن كەمبەغەل ئىكەن. ئەلى بابا ھەر كۈنى ئېشىكىنى ھەيدەپ تاغقا بېرىپ ئوتۇن كېسىدىكەن.





2. بىر كۈنى ئەلى بابا تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپ، قىرىق قاراقچىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ئۆڭكۈرنىڭ تاش ئىشىكىگە قاراپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت، ئىشىكنى ئاچ!» دېگەن ئىكەن، ئىشىك غاچ قىلىپ ئېچىلىپتۇ.

Scanned by CamScanner



3. قاراقچىلار بولاپ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن - كۈمۈش،
مەرۋايىتلارنى ئۆڭكۈرگە جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈر-
دىن چىقىپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت ئىشىكنى ياپ» دېگەن ئى-
كەن، ئىشىك يېپىلىپتۇ.

Scanned by CamScanner

4. قاراقچىلار كەتكەندىن كېيىن، ئەلى بابا قاراق-چىلار باشلىقىنى دوراپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت، ئىشىك-نى ئاچ!» دېگەن ئىكەن، ئىشىك دەرھال ئېچىلىپتۇ.



5. ئەلى بابا ئۆڭكۈرگە كىرىپ،
قاراقچىلار بۇلاپ كەلگەن ئالتۇن-
كۈمۈش، مەرۋايىت قاتارلىق بايلىق-
لارنىڭ ئۆڭكۈردە تولۇپ ياتقانلىق-
نى كۆرۈپتۇ.



Scanned by CamScanner



6. ئەلى بابا ئۈچ خالتىغا لىق ئالتۇن توشقۇ-
زۇپتۇ-دە، ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە ئۆڭكۈرنىڭ ئە-
شىكىنى يېپىپ، خۇشال-خۇرام ھالدا ئۆيىگە قاي-
تىپ كەپتۇ.

Scanned by CamScanner

7. ئاكىسى قاسىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇنىڭ سىرىـ
نى بىلمەكچى بولۇپ، ئەلى بابانىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئەلى بابا بۇ سىرنى
ئاكىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.



8. ئەتىسى قاسىم ئون ئېشەكنى ھەيدەپ، تاغقا چىقىپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈر ئالدىغا كېلىپ: «كۇنجۇت، كۇنجۇت، ئىشىكنى ئاچ!» دېگەن ئىكەن، ئىشىك راستتىنلا ئېچىلىپتۇ.




Scanned by CamScanner

9. قاسىم ئۆڭكۈرگە كىرىپ، باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسى-
رەپ ئىشىكنى يېپىۋېتىپتۇ. ئۆڭكۈردىكى بايلىقلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ
ۋە ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكۈسى كېلىپ كېتىپتۇ.



10. ئۇ ھەميان، خۇرجۇنلىرىنى توشقۇزۇپ بولۇپ ئۆيىگە قايتىدىغان چاغدا، ئىشىكنى ئېچىشتا دەيدىغان گەپنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ.




11. بىر ھازادىن كېيىن قاراقچىلار قاي-
تىپ كەپتۇ، قاسىم قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ.
قاراقچىلار باشلىقى ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن
جۇدا قىپتۇ.



12. قاراقچىلار ئۆڭكۈردىكى بايلىقلارنىڭ
ئازلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن باشقا
يەنە بىرسى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ، قولچو-
ماقچىسىنى شۇ ئادەمنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋە-
تىپتۇ.



Scanned by CamScanner



13. قاراقچى سۈرۈشتە قىلىپ، ئەلى بابانىڭ ئۆڭكۈرگە بارغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى يېرىم كېچىدە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە بىر چەمبەر سىزىپ بەلگە قىلىپ قويۇپتۇ.

14. ئەلى بابا قاراقچىنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ، ھەممە خوشنىلىرىنىڭ ئىشىكىگە چەمبەر سىزىپ قويۇپتۇ.



Scanned by CamScanner

15. يېرىم كېچىدە قاراقچىلار كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكىدە چەمبەر سىزىقلىق تۇرغۇدەك، ئۇلار ئىلاجسىز سولىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ.



16. قاراقچىلار باشلىقى ئاچچىقتىن يېرىلاي دەپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزى
يالغۇز شەھەرگە كىرىپ، ئەلى بابانىڭ ئۆيىنى سوراپ بىلىۋاپتۇ.



Scanned by CamScanner

17. قاراقچىلار باشلىقى قىرىق دانە كۈپ تەييارلاپ، ئىككى
كۆپكە قىچا مېيى، قالغانلىرىغا قاراقچىلارنى قاچىلاپتۇ. قاراق-
چىلار باشلىقى كۆپكە تاش تاشلىغان هامان، قاراقچىلار كۆپتىن
چىقىپ ئەلى بابانى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.



18. قاراقچىلار باشلىقى ماي ساتقۇچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئەلى بابانىڭ ئۆيىدە قونۇش ئۈچۈن پاناھلىق تىلەپ كىرىپتۇ، ئەلى بابا ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ.



Scanned by CamScanner

19. دەل تاماق يەۋاتقاندا، چىراغنىڭ مېيى تۈگەپ چىراغ ئۆچۈپ قاپتۇ. ئەلى بابا چىراغقا ماي قۇيۇش ئۈچۈن كۆپنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەڭ ئارقىدىكى ئىككى كۆپتىلا ماي بارلىقىنى بايقاپتۇ.



20. ئەلى بابا قاراقچىلارنىڭ ھىيلە - مىكىرىنى بىلگەن بولسى-
مۇ، ئۇقمىغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. ئۇ ئايالنى يوغان قازاندا
ماي چۇچۇتۇشكە بۇيرۇپتۇ.



Scanned by CamScanner

21. ماي قىزىغاندىن كېيىن، ئەلى بابا ھەر بىر كۆپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، چۆچۈگەن قىزىق مايىنى كۆپكە قۇيۇپتۇ.



22. يېرىم كېچىدە قاراقچىلار باشلىقى كۆپكە تاش تاشلىغان ۋاقىتتىلا قاراقچىلارنىڭ قىزىق مايدا كۆيۈپ ئۆل-گەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ئەلى بابا قاراقچىلار باشلىقىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.



23. شۇندىن كېيىن ئەلى بابا ئۆڭكۈرگە بېرىپ، ئۆڭكۈردىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە بۆ- لۈپ بېرىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنى ئاقكۆڭۈل كىشى، دەپ ماختىشىپتۇ.



Scanned by CamScanner

**本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。**

# 阿里巴巴

红蜻蜓丛书(6)

---

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
乌鲁木齐海洋彩印有限公司印刷
889 x 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978 - 7 - 80547 - 816 - 6

---

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)

Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۈل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-816-6
9 787805 478166 >
总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)